## 42216 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتالىقتىن خالىيلىقى

**سۇئال**

مەن ئەقىدە توغىرسىدا سۇئال سورىماقچىمەن . يەنى ، پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ خاتالىقتىن خالىي ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش ئەقىدىمىزنىڭ بىر قىسمىمۇ ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

پەيغەمبەرلەر بولسا ئىنسانلارنىڭ تاللانغانلىرى ، ھەمدە ئاللاھقا نىسبەتەن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولۇپ ، ئاللاھ ئۇلارنى ئىنسانلارغا بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق دىگەن چاقىرىقنى يەتكۈزۈشكە تاللىدى . ھەمدە ئۇلارنى ئۆزى بىلەن مەخلۇقاتلىرى ئوتتۇرسىدا ئۆزىنىڭ قانۇنىنى يەتكۈزۈشكە ۋاستە قىلدى . ئۇلار ئاللاھ تەرەپتىن يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ظذلارغا كعتابنع، هئكمةتنع ۋة صةيغةمبةرلعكنع ظاتا قعلدذق،ظةضةر بذ مذشرعكلار ظذلارنع(يةنع كعتاب،هئكمةت ۋة صةيغةمبةرلعكنع)ظعنكار قعلسا, ظذلارنع ظعنكار قعلمايدعغان باشقا بعر قةۋمضة تاصشذرعمعز . ] ئەنئام(چاھارپايلار) : 89 ]

پەيغەمبەرلەر ئىنسان بولۇشى بىلەن ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تىن ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش . شۇڭلاشقا خاتالىقتىن خالى بولۇش مەسلىسى ئىككى ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك :

1-دىننى يەتكۈزۈشتە خاتالىقتىن خالى بولۇش

2- ئىنسان خاتالىقلىرىدىن خالى بولۇش

بىرىنچى : بىرىنچى ئىشقا نىسبەتەن ، پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈشتە خاتالىقتىن خالى بولۇپ ، ئۇلار ئاللاھ ئۇلارغا چۈشۈرگەن ھەرقانداق نەرسىنى يۇشۇرمايدۇ ، ھەمدە ئۆز ئىچىدىن بىر نەرسە قىتىۋالمايدۇ . ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : ظع صةيغةمبةر! صةرۋةردعضارعث تةرعصعدعن ساثا نازعل قعلعنغان ظةهكاملار نعث هةممعسعنع يةتكىزضعن، ظةضةر تولذق يةتكىزمعسةث ،الله تاصشذرغان ۋةزعصعنع ظادا قعلمعغان بولعسةن.الله سعئنع كعشعلةرنعث زعيانكةشلعكعدعن ساقلايدذ.الله هةقعقةتةن كاصعر قةۋمنع هعدايةت قعلمايدذ . [ مائىدە](داستىخان) : 67 ]

ظةضةر ظذ بعزنعث نامعمعزدعن يالغاننع توقذيدعغان بولسا[44] ، ظةلؤةتتة ظذنع قذدرعتعمعز بعلةن جازالايتتذق[45] . ظاندعن ظذنعث ظاساسي قعزعل تومذرعنع كئسعص تاشلايتتذق[46] . سعلةردعن هئحبعر ظادةم ظذنع قوغداص قالالمايتتع.

[ هاققه: 44–47 ]

ئۇ غەيب(بىلىمنى) يەتكۈزۈشتە بىخىل ئەمەس . [ تەكۋىر: 24 ]

پىشىۋا ئابدۇررەھمان بىن سەئىيدى( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دىگەن : " ئۇ ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋەھى قىلغان نەرسىگە بىخىللىق قىلمايدۇ . يەنى بىر قىسمىنى يۇشۇرمايدۇ ، بەلكى ئۇ ئاسمان ۋە زىمىن كىشىلىرىنىڭ ئىشەنچىلىكى بولۇپ ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىلىكىنى ئوچۇق يەتكۈزدى . ئۇ ئۇنىڭدىن مەيلى باي ياكى نامرات بولسۇن ، ئەمەلدار ياكى پۇقرا بولسۇن ، ئەر ياكى ئايال بولسۇن ، شەھەرلىك ياكى كۆچمەن بولسۇن ھىچكىمگە ھىچنىمنى تۇتۇۋالمىدى . شۇڭلاشقا ئاللاھ ئۇنى بىر ساۋاتسىز ، بىلىمسىز مىللەتكە ئەۋەتتى . ھەمدە ئۇ تاكى ئۇلار يىتىشكەن ئالىم بولمىغىچە ، بىلىمدا ۋايىغا يەتمىگىچە ئۆلمىدى . . . " تۈگىدى .

شۇڭا پەيغەمبەر پەرۋەردىگارىنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتە چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن قىلچىلىك خاتالىق سادىر قىلمىدى . بەلكى ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ دائىملىق ساقلىشىدا بولۇپ كەلدى .

ھۆرمەتلىك پىشىۋا ئابدۇل ئەزىز بىن باز ( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) [ ئىبنۇ باز فەتىۋالىرى ، 6-ج ، 371-ب] تە مۇنداق دىگەن :

" بارلىق مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ، بولۇپمۇ مۇھەممەدنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئاللاھتىن يەتكۈزگەن نەرسىلىرىدە خاتالىقتىن خالى ئىكەنلىكىگە بىردەك بىرلىككە كەلدى .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ساقعغان يذلتذزلار بعلةن قةسةمكع[1] ، سعلةرنعث هةمراهعثلار (يةنع مذهةممةد ظةلةيهعسسالام) ضذمراه بولمعدع ۋة يولدعن ظاداشمعدع[2] . (ظذ) ظأز نةصسع خاهعشع بويعحة سأزلعمةيدذ[3] . صةققةت ظذنعثغا نازعل قعلعنغان ۋةهينعلا سأزلةيدذ[4] . ۋةهيعنع ظذنعثغا كىحلىك صةرعشتة (جعبرعظعل) تةلعم بةردع .

[ نەجم(يۇلتۇز) : 1-5 ]

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئاللاھتىن يەتكۈزگەن بارلىق نەرسىلەردە سۆز بولسۇن ،ئىش-ھەركەت ۋە ئۇ تەستىقلىغان نەرسىدە بولسۇن خاتالىقتىن خالى . بۇ ھەقتە ئالىملار ئارىسىدا ھىچقانداق تالاش-تارتىش يوق . " تۈگىدى .

ئۇممەت ئەلچىلەرنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈشتە خاتالىقتىن خالى بولۇپ ، ئۇلار ئاللاھ ئۇلارغا ۋەھى قىلغان نەرسىدە كۆچتىن قالدۇرۇلغانلىرىدىن باشقىسىنى ئۇنتۇمايدۇ دەپ بىرلىككە كەلدى . ھەمدە ئاللاھ ئۇنى ئەلچىسىگە ئوقۇپ بىرىشكە ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئۇنتۇلدۇرۇشنى خالىغاندىن باشقىسىنى ئۇنتىماسلىققا كاپالەت بەردى . ھەمدە پۈتكۈل قۇرئاننى ئۇنىڭ قەلبىدە ساقلاشقا كاپالەت بەردى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ساثا (قذرظاننع) ظوقذتعمعز، اللة (نةسخع) قعلماقحع بولغان نةرسعدعن باشقعنع ظذنتذمايسةن. [ ئەئلا( ھەممىدىن يۈكسەك): 7 ]

ظذنع توصلاش ۋة ظوقذص بئرعش بعزنعث مةسظولعيتعمعزدذر(17).ساثا ظذنع ظوقذص بةرضعنعمعزدة(يةنع جعبرعظعل ساثا ظوقذص بةرضةندة)ظذنعث ظوقذشعغا ظةضةشكعن .

[ قىيامەت : 17-18 ]

ئىسلام پېشىۋاسى( فەتىۋالار توپلىمى، 18-ج، 7 )دە مۇنداق دىگەن :

پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەر ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن يەتكۈزگەن ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن يەتكۈزگەن نەرسىلەردە خاتالىقتىن خالىلىقىنى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ئۇلارنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرى پەقەتلا راست . مانا بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ مەنىسى . ھەمدە بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا غەيبى ئىشلارنى خەۋەر قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇڭا ئەلچى كىشىلەرنى دەۋەت قىلىشقا ھەمدە ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان . " تۈگىدى .

ئىككىنچى : پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرگە ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلىدىغانلىقىغا كەلسەك ، ئۇ ئىككى خىل ئەھۋالغا ئىگە :

1- ئۇلاردىن چوڭ گۇناھلارنىڭ سادىر بولماسلىقى :

چوڭ گۇناھلار پەيغەمبەرلەردىن ھەرگىز سادىر بولمايدۇ ھەمدە ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان ، مەيلى پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن .

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيە ( فەتىۋالار توپلىمى ، 4.ج 319 ) دا مۇنداق دىگەن :

" پەيغەمبەرلەرنىڭ كىچىك گۇناھلاردىن ئەمەس، چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈشتىن ساقلانغانلىقى توغرىسىدىكى قاراش كۆپلىگەن ئىسلام ئالىملىرى ۋە بارلىق مەزھەپلەرنىڭ قارىشى . ۋە شۇنىڭدەك تەفسىرشۇناسلار ، ھەدىيسشۇناسلار ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشى . ئەھلىيەتتە ، پىشقەدەملەر ، ئىماملار ، ساھابىلەر ، تابىئىينلار ھەمدە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەردىن پەقەت مۇشۇ قاراشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بايان نەقىل قىلىنغان . " تۈگىدى .

2- ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش ۋە ۋەھيى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلار :

كىچىك گۇناھلارغا كەلسەك ، بۇلار ئۇلاردىن ياكى بەزىلىرىدىن بەزىدە سادىر بولغان . شۇڭلاشقا كۆپچىلىك ئالىملار ئۇلار كىچىك گۇناھلاردىن خالى ئەمەس دىگەن قاراشتا . ئىبراق ئۇلاردىن سادىر بولغاندا ، ئۇلار ئۇنى داۋاملاشتۇرىۋەرمىگەن . بەلكى ئاللاھ ئۇلارغا ئۇنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەم ئۇلار ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىغان .

ئۇلاردىن كىچىك گۇناھلارنىڭ سادىر بولغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇنى داۋاملاشتۇرمىغانلىقىنىڭ دەلىلى : ئاللاھنىڭ ئادەم ھەققىدىكى سۆزى : « ظادةم صةرؤةردعضارعنعث(ظةمرعضة)خعلاصلعق قعلدع،شذ نعث بعلةن ظذ ظازدع121.ظاندعن صةرؤةردعضارع ظذنع تاللعدع، ظذنعث تةؤبعسعنع قوبذل قعلدع ؤة ظذنع هعدايةت قعلدع .» [ تاھا : 121-122 ] بۇ بولسا ئادەمدىن گۇناھنىڭ سادىر بولغانلىقى ، ئىبراق ئۇنىڭ ئۇنى داۋاملاشتۇرمىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئاللاھقا تەۋبە قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى .

يەنە مۇنۇ سۆزى : « مذسا ظئيتتع: بذ شةيتاننعث ظعشعدذر،شىبهعسعزكع،شةيتان ظازدذرغذحع ظاشكارا دشمةندذر 15.مذسا ظئيتتع: صةرؤةردعضارعم!مةن هةقعقةتةن ظأزةمضة زذلذم قعلدعم.ماڭا مةغصعرةت قعلغعن .الله ظذنعثغا مةغصعرةت قعلدع،الله هةقعقةتةن ناهايعتع مةغصعرةت قعلغذحعدذر،ناهايعتع مئهرعباندذر .» [ قەسەس(ھېكايىلەر) : 15-16 ]

مۇسا (ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) گۇناھىنى تونۇدى ھەمدە ھىلىقى مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئاللاھتىن كەچۈرۈم

سورىدى ، ھەمدە ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈەتتى .

ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزى : صـةرۇةردعضارعدعن مةغصعرةت تةلةص قعلدع، سـةجدعضة باردع. (اللةغا) تةؤبة قعلدع[24] . بعز ظذنعث خاتالعقعنع ظةصذ قعلدذق، ظذ بعزنعث دةرضاهعمعزدا ظةلؤةتتة يئقعنلعققا ؤة ياخشع ظاقعؤةتكة ظعضة بولعدذ .

[ ساد: 23–24 ] داۋۇدنىڭ گۇناھى بولسا ئىككىنچى دەۋاگەرنىڭ ئېگىۋالىنى ئاڭلىماستىن ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرىشى ئىدى .

ھەمدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بىر نەچچە ئىشلاردا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەيىپلەنگەن . ئۇلاردىن :

ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزى : ظع صـةيغةمبةر! نئمة ظعصحن اللة ساثا هالال قعلغان نةرسعنع ظاياللعرعثنعث رازعلعقعنع تعلةش يىزعسعدعن هارام قعلعسةن، اللة ناهايعتع مةغصعرةت قعلغذحعدذر، ناهايعتع مئهرعباندذر .

[ تەھرىيم(ھارام قىلىش) : 1 ]

بۇ ئۇنىڭ بەزى ئاياللىرى ھەققىدىكى ھەممىگە مەشھۇر ھىكايىنى كۆرسىتىدۇ .

شۇنىڭدەك ، ئاللاھ پەيغەمبەرنى بەدرى جىڭىدىكى ئەسىرلەر توغرىسىدا ئەيىپلىگەن .

مۇسلىم سەھىيھىدە (4588) نەقىل قىلىدىكى ، ئىبنۇ ئەبباس مۇنداق دىگەن : " ئەسىرلەر ئەسىرگە ئېلىنغاندا ، ئاللاھ ئەلچىسى (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە( ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) : بۇ ئەسىرلەرگە قانداق قارايسىلەر ؟ دىدى . ئەبۇ بەكرى : " بۇلار سىنىڭ بىر نەۋرە قېرىنداشلىرىڭ ھەم تۇغقانلىرىڭ . مەن ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىش كىرەك دەپ قارايمەن . شۇندا ئۇ بىزگە كاپىرلارغا قارشى كۈچ–قۇۋۋەت بىرىدۇ . ھەم ئاللاھ ئۇلارنى ئىسلامغا يىتەكلىشى مۇمكىن . " دىدى . ئاللاھ ئەلچىسى(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) : سەن قانداق قارايسەن ، ئى ئىبنۇ خەتتاب؟ دىدى . ئۇ : " مەن: ياق ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ، ئى ئاللاھ ئەلچىسى ! مەن ئەبۇ بەكرى قارىغاندەك قارىمايمەن . مەن ئۇلارنى بىزگە تاپشۇرساڭ ، ئۇلارنىڭ بوينىغا ئۇرساق دەپ قارايمەن . ئۇقەيلنى ئەلىگە تاپشۇرغىن ، ئۇ ئۇنىڭ بوينىغا ئۇرسۇن . ۋە پالاننى–ئۆمەرنىڭ تۇغقىنى ، ماڭا تاپشۇرغىن ، ئۇنىڭ بېينىغا ئۇراي . چۈنكى بۇلار كاپىرلىقنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كاتتىلىرى ، دىدىم" دىدى . ئاللاھ ئەلچىسى(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئەبۇ بەكرىنىڭ دىگىنىنى ياقتۇرۇپ ، مىنىڭكىنى ياقتۇرمىدى . ئىككىنچى كۈنى مەن كەلسەم ، ئاللاھ ئەلچىسى(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ۋە ئەبۇ بەكرى يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ . مەن : " ئى ئاللاھ ئەلچىسى ، ماڭا دىگىنە ، سەن ۋە ھەمرىيىڭنى نىمە يىغلاتتى ؟ ئەگەر يىغلاشقا تىگىشلىك ئىش بولسا مەنمۇ سىلەر بىلەن يىغلايمەن . ئەگەر ئۇنداق ئىش بولمىسا ، سىلەرنىڭ يىغاڭلارغا يىغلىشىپ بىرىمەن . " دىدىم . ئاللاھ ئەلچىسى (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) : « مەن ھەمرالىرىڭنىڭ تۆلەم ئېلىشى سەۋەبلىك ماڭا كۆرسىتىلگەن ئازابقا يىغلاۋاتىمەن . ئۇ ماڭا مۇشۇ دەرەختكە ئوخشاش يىقىن قىلىندى ، ئۇ پەيغەمبەرگە يىقىن بىر دەرەخ ئىدى . ھەمدە ئاللاھ : « صـةيغةمبةرضة زئمعندا دشمةننع كأصرةك ظأألترمةي تذرذص(يةنع مذشرعكلعكنعث هةيؤعسعنع يوقعتعص،ظعسلامغا قذؤؤةت بةرمةي تذرذص)،ظةسعرلةردعن فعدعية ظئلعش لايعق ظةمةس ظعدع.(ظع مأمعنلةر!سعلةر فعدعية ظئلعش بعلةن)دذنيا مةنصةظةتعنع كأزلةيسعلةر،الله سعلةرضة ظاخعرةتنع(يةنع ظاخعرةتنعث ساؤابعنع)تعلةيدذ.الله غالعبتذر, هئكمةت بعلةن ظعش قعلغذحعدذر67.الله نعث(ظوحذق حةكلةنمعضةن ظعشنع قعلغانلارنع جازالعماسلعق دئضةن)هأكمع ظةزعلعسع بولمعسا ظعدع،(ظةسعرلةردعن)فعدعية ظالغانلعقعثلار

ظىحىن ظةلؤةتتة زور ظازابقا دذحار بولاتتعثلار68.(ظع جعهاد قعلغذحعلار جاماظةسع!)غةنعمةت ظالغان نةرسةثلارنع هالال ؤة صاك بعلعص يةثلار،الله (نعث ظةمرعضة مذخالعصةتحعلعك قعلعش)دعن قورقذثلار.الله هةقعقةتةن مةغصعرةت قعلغذحعدذر، (بةندعلعرعضة)مئهرعباندذر .» [ ئەنفال(غەنىمەتلەر) : 67–69 ] ئايەتلەرنى چۈشۈرۈپ ، ئۇلارغا غەنىمەتنى هالال قىلدى .

بۇ ھەدىستىن شۇ ئىنىقكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) نىڭ ئەسىرلەردىن تۆلەم ئېلىشنى تاللىشى ساھابىلىرى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ ئىجتىھادى بىلەن بولغان ، ھەمدە ئۇ ھەقتە ئاللاھتىن ۋەھىيگە ئېرىشمىگەندى .

ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزى : تەرىنى تۆردى ، ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى . چۈنكى ئۇنىڭ قېشىغا بىر ئەما كەلدى . [ ئەبەسە( تەرىنى تۆردى) : 1–2 ]

بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق ئىسىل ساھابە ئابدۇللاھ بىن ئۇممۇ مەكتۇم بىلەن ئاللاھ ئەلچىسى (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئوتتۇرسىدىكى ھېكايە بولۇپ ، ئاللاھ ئۇنىڭدا پەيغەمبەرنى ئەيىپلىگەن .

ئىسلام پېشىۋاسى ( فەتىۋالار توپلىمى : 4.ج 320l ) دە مۇنداق دېگەن :

" كۆپچىلىك ئالىملاردىن نەقىل قىلىنغان نەرسە شۇكى ، ئۇلار ، يەنى ، پەيغەمبەرلەر كىچىك گۇناھلاردىن خالى ئەمەس ، بىراق ئۇلار ئۇنى داۋام قىلمايدۇ . ۋە ئۇلار ، بۇ مەلۇم ئەھۋالدا يۈز بەرمەيدۇ، دېمەيدۇ . ھەمدە ئۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇتلەق خاتالىقتىن خالى دېگەن سۆزى نەقىل قىلىنغان ھەمدە ئەڭ كۆپ نەقىل قىلىنغان تۈنجى مەزھەپ بولسا رافىزەلەر بولۇپ ، ئۇلار : پەيغەمبەرلەر ھەتتا ئۇنتۇش ، سەۋەنلىك ۋە خاتا چۈشىنىش سەۋەپلىك يۈز بېرىدىغان خاتالىقلاردىنمۇ خالى ۋە ساقلانغان دەيدۇ . " تۈگىدى .

بىر قىسىم كىشىلەر ، پەيغەمبەرلەرنى گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ دېيىش باشباشتاقلىق دەپ قارايدۇ . ھەمدە بۇنى دەلىللەيدىغان قۇرئان ۋە ھەدىس تېكىستلىرىنى خاتا چۈشەندۈرىدۇ . ھەمدە ئۇلارنى بۇ سۆزگە ئىتتىرىدىغىنى ئىككى شۈبھىلىك :

بىرىنچى : ئاللاھ بىزنى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە ۋە ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرىغان . ئۇلارغا ئەگىشىشكە دېيىلگەن بۇيرۇق ئۇلار قىلغان ھەرقانداق ئىش بىزنىڭ ئەگىشىشىمىزگە ئۈلگە بولۇشىنى لازىم قىلىدۇ . ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەت ۋە ئېتىقادى ئىبادەت . ئەگەر بىز پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ دېسەك ، بۇ يەردە تەڭقىسلىق شەكىللىنىدۇ . چۈنكى بىز ئۇنىڭ ئۈلگىسىگەئەگىشىشكە بۇيرۇلغىنىمىز ئۈچۈن ، پەيغەمبەر سادىر قىلغان بۇ گۇناھنى دوراپ قىلىشقا بۇيرۇلغان بولىمىز . يەنە بىرلا ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭغا قوشۇلالمايمىز ياكى قىلماسلىققا بۇيرۇلغانىمىز. چۈنكى ، ئۇ بىر گۇناھ .

بۇ شۈبھىلىك دۇرۇس ، ھەمدە ئەگەر بۇ گۇناھ يۇشۇرۇن بولسا ، تائەت ئەمەللىرى بىلەن ئارلىشىپ قالىدىغان دەرىجىدە ئاشكارا بولمىسا مۇۋاپىقتۇر . بىراق ئۇلۇغ ئاللاھ ئەلچىلىرىگە ئۇلارنىڭ قەيەردە خاتالاشقانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى ، ھەمدە ئۇلارنى كېچىكتۈرمەستىن تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى .

ئىككىنچى : گۇناھلار تاكامۇللۇققا زىت ھەمدە ئۇ بىر يىتەرسىزلىك . بۇ ، ناۋادا ئۇنىڭغا تەۋبە بولمىغاندا توغرا . چۈنكى تەۋبە

گۇناھقا كەچۈرۈم ئىلىپ كىلىدۇ . ھەمدە تاكامۇللۇققا زىت كەلمەيدۇ ھەمدە ئۇنى قىلغۇچىنى ئەيىپلىنىشكە يۈزلەندۈرمەيدۇ . بەلكى نۇرغۇن ئەھۋاللاردا بەندە گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىركىگە قارىغاندا ، تەۋبە قىلغاندىن كىيىن تىخىمۇ ياخشى بولۇپ كىتىدۇ . ھەممىگە مەلۇم ، پەيغەمبەردىن گۇناھ سادىر بولدىمۇ ، ئۇ شۇئان تەۋبىگە ۋە كەچۈرۈم سوراشقا ئالدىرىدى ، شۇڭا پەيغەمبەرلەر گۇناھنى داۋاملاشتۇرمايدۇ ، ۋە ياكى تەۋبىنى كىچىكتۈرمەيدۇ . چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى ئۇنىڭدىن ساقلىدى ، ھەمدە ئۇلار تەۋبە قىلغاندىن كىيىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تىخىمۇ مۇكەممەل بولۇپ كەتتى .

3- بىر قىسىم دۇنيا ئىشلىرىدىكى مەقسەتسىز خاتالىق :

دۇنيا ئىشلىرىدىكى خاتالىقلارغا كەلسەك ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئەقلى كامىل ، چۈشىنىشى كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلىشى توغرا . ئۇ بولسا بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم پەيغەمبەرلەردە يۈز بەرگەن . ھەمدە ئۇ تۇرمۇشنىڭ تىبابەت ، دىھقانچىلىق قاتارلىق ھەر خىل ساھەلىرىدە يۈز بەرگەن .

مۇسلىم سەھىيھىدە (6127) رافىئي بىن خەدىيجدىن نەقىل قىلىدىكى ، ئۇ مۇنداق دىگەن : " ئاللاھ پەيغەمبىرى(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مەدىينىگە كەلدى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ خورمىنى چاڭلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : سىلەر نىمە قىلىۋاتىسىلەر ؟ دىدى . ئۇلار : " بىز دائىم مۇشۇنداق قىلاتتۇق . " دىدى. ئۇ : ئەگەر سىلەر ئۇنى قىلمىساڭلار ياخشى بولامدىكىن . دىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇنى قىلمىدى . ۋە ھوسۇل كىمىيىپ كەتتى . ئۇلار ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋالنى ئېيىتتى ھەمدە ئۇ : مەن پەقەت بىر ئىنسان ، ئەگەردە مەن سىلەرنى دىنىڭلار توغىرسىدا بىر ئىشقا بۇيرىسام ، ئۇنى قىلىڭلار . ئەگەردە ئۆز قارىشىم بويىچە بىر ئىشقا بۇيرىسام ، مەن پەقەت بىر ئىنسانمەن . دىدى . شۇڭلاشقا مەلۇم بولدىكى ، پەيغەمبەرلەر ۋەھيىگە نىسبەتەن ، خاتالىقتىن ساقلانغان . بىز پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ۋەھيى يەتكۈزۈشى ھەققىدە تۆھمەت قىلىدىغان ، ھەمدە ئۇنىڭ بەلگىلىگەن قانۇنلىرىدىن شەكلىنىدىغان ھەمدە بۇ ئۇنىڭ شەخسىي ئىجتىھادىي قارىشىدىن ئىبارەت دەيدىغانلاردىن ئاگاھ بولۇشىمىز كىرەك . پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلالمايدۇ . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ئۇ ئۆز كۆڭلى خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ . پەقەت ئىلھام قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ . [ نەجىم(يۇلتۇز) : 3-4 ]

فەتىۋالار دائىمىي كومىتىتىدىن : پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر خاتالىق ئۆتكۈزەمدۇ ؟ دەپ سورالدى .

ئۇلار جاۋاپ بىرىپ مۇنداق دىدى : " شۇنداق ، ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ . لىكىن ئاللاھ ئۇلارنى خاتالىقىدا داۋام قىلدۇرمايدۇ . بەلكى ئاللاھ ئۇلارغا ۋە خەلقلىرىگە رەھىم-شەپقەت قىلىپ خاتالىقىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ بىرىدۇ ، ھەمدە ئۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۋىتىدۇ ھەمدە ئۆز پەزلى-كەرىمى ۋە رەھىم-شەپقىتى بىلەن ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ . چۈنكى ئاللاھ تولىمۇ كەچۈرگۈچى ۋە ناھايىتى مىھرىبان . بۇلار بۇ ھەقتە سۆزلەنگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆگەنگۈچىلەرگە ئايدىڭ . "

[ دائىمىي كومىتىت فەتىۋالىرى ، 3194 ]

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .